# قىلچە بوشاشماي ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش خىزمىتىنى چىڭ تۇتۇپ، پۇختا تۇتۇپ، ئىنچىكە تۇتۇپ، ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتىدىكى تۈرلۈك خىزمەتلەرنى بىرتۇتاش پىلانلاپ ياخشى ئىشلەش كېرەك

(بېشى 1 - بەتتە)

مەھەللىلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش ۋە ئاغرىقلارنى قۇتقۇزۇش - داۋالاشتىن ئىبارەت ئىككى ئاچقۇچنى چىڭ تۇتۇپ، يۇقۇمنىڭ تارقىلىپ چىقىپ كېتىشىنى قەتئىي توسۇپ، كۈچى ئاجىز رايونلارنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلىشىنى كۈچەيتىپ، ھەقىقىي تۈردە قوبۇل قىلىپ داۋالاش نىسبىتى ۋە داۋالاپ ساقايتىش نىسبىتىنى ئۆستۈرۈش، يۇقۇملىنىش نىسبىتى ۋە كېسەل بىلەن ئۆلۈپ كېتىش نىسبىتىنى تۆۋەنلىتىش كېرەك. ئىككىنچى، پۈتۈن كۈچ بىلەن بېيجىڭنىڭ يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش كېرەك. يۇقۇمنىڭ سىرتتىن كىرىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش، ئىچكى جەھەتتە كېڭىيىپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىشتىن ئىبارەت ئىككى چوڭ ھالقىنى قەتئىي چىڭ تۇتۇپ، بېيجىڭ، تيەنجىن، خېبېي رايونىدا بىرلىشىپ ئالدىنى ئېلىش، بىرلىشىپ تىزگىنلەشنى كۈچەيتىپ، ئەڭ چوڭ ئېھتىماللىق بىلەن يۇقۇم مەنبەسىنى ئۈزۈپ تاشلاش كېرەك. ئۈچىنچى، داۋالاش كۈچلىرى ۋە مۇھىم ماددىي ئەشيالارنى ئىلمىي تەقسىملەش كېرەك. بىرىنچى سەپتىكى تېببىي خادىملارغا كۆڭۈل بۆلۈپ، كۆيۈنۈپ، مۇداپىئەلىنىش ماددىي ئەشيالىرى، تۇرمۇش ماددىي ئەشيالىرى بىلەن كاپالەتلەندۈرۈش ۋە مۇداپىئەلىنىش تەدبىرلىرىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، دوختۇرخانىدا يۇقۇملىنىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش خىزمىتىنى ھەقىقىي كۈچەيتىپ، تېببىي خادىملارنىڭ ئىلمىي مۇداپىئەلىنىش ۋە تەربىيەلىنىش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش كېرەك. بازارنىڭ تەمىنلەش - ئېھتىياج ھالىتىنى يېقىندىن كۆزىتىپ، تەكشۈرۈپ، كۆكتات ۋە چارۋا، ئۆي قۇشلىرى قاتارلىقلارنى ئىشلەپچىقىرىشنى پائال تەشكىللەپ، توشۇش يولى ۋە ئەشيا ئوبوروتىدا تەقسىملەپ يەتكۈزۈشنى راۋانلاشتۇرۇش كېرەك. تۆتىنچى، پەن - تېخنىكا تەتقىقاتىدا ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىشنى تېزلىتىش كېرەك. ئۇنىۋېرسال كۆپ پەن كۈچلىرى ئارقىلىق، پەن تەتقىقات ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشنى قانات يايدۇرۇپ، دورا ۋە ۋاكسىنا تەتقىق قىلىپ ئېچىش سالمىقىنى زورايتىپ، ئۈنۈملۈك بولغان دىياگنوز قويۇش - داۋالاش لايىھەسىنى ۋاقتىدا يەكۈنلەش، كېڭەيتىش كېرەك. بەشىنچى، خەلقئارا ۋە رايون ھەمكارلىقىنى كېڭەيتىش كېرەك. دۇنيا سەھىيە تەشكىلاتى بىلەن داۋاملىق ياخشى ئالاقىنى ساقلاپ، يۇقۇمدىن ساقلىنىش تەجرىبىلىرىنى ئالاقىدار دۆلەتلەر بىلەن تەڭ بەھرىمەن بولۇپ، ۋىرۇسقا قارشى دورىلار ھەم ۋاكسىنا تەتقىقاتى بويىچە خەلقئارا ھەمكارلىقنى كۈچەيتىش كېرەك. ئالتىنچى، ئاخبارات ئاممىۋى پىكرى خىزمىتىنىڭ ئۈنۈمدارلىقىنى ئۆستۈرۈش كېرەك. پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ مۇھىم، زور تەدبىر - ئورۇنلاشتۇرمىلىرىنى تەشۋىق قىلىش، چۈشەندۈرۈشنى داۋاملىق ياخشى ئىشلەپ، جايلارنىڭ يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەشنى بىرتۇتاش پىلانلاپ ئىلگىرى سۈرۈشتىكى ياخشى تەجرىبە، ياخشى ئۇسۇللىرىنى چوڭقۇر خەۋەر قىلىپ، يۇقۇم ئۇچۇرلىرىنى ئېلان قىلىشنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇشنىڭ بىرىنچى سېپىدىكى تەسىرلىك ئىش ئىزلارنى كەڭ تەشۋىق قىلىپ، جەمئىيەت كۆڭۈل بۆلۈۋاتقان مەسىلىلەرگە تەشەببۇسكارلىق بىلەن ئىنكاس قايتۇرۇش كېرەك. يەتتىنچى، جەمئىيەت مۇقىملىقىنى ھەقىقىي قوغداش كېرەك. يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەشتە كۆرۈلگەن بىخ خاراكتېرلىك، خاھىش خاراكتېرلىك مەسىلىلەرنى ۋاقتىدا ھەل قىلىپ، داۋالاش تەرتىپى، يۇقۇمدىن ساقلىنىش تەرتىپى، بازار تەرتىپى، جەمئىيەت تەرتىپىنى قالايمىقان قىلىش قاتارلىق قانۇنغا خىلاپ جىنايى قىلمىشلارنى قانۇن بويىچە قاتتىق جازالاش كېرەك.

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: يېڭى تىپتىكى تاجسىمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمىنىڭ ئىقتىسادقا، جەمئىيەتكە بىرقەدەر زور زىيان ئېلىپ كېلىشىدىن ساقلانغىلى بولمايدۇ. بولۇپمۇ مۇشۇنداق ۋاقىتتا، دۆلىتىمىزنىڭ تەرەققىياتىغا تېخىمۇ ئومۇميۈزلۈك، دىيالېكتىكىلىق، يىراق كەلگۈسى نەزەر بىلەن مۇئامىلە قىلىش، ئىشەنچنى تېخىمۇ كۈچەيتىش، چىڭىتىش كېرەك. ئومۇملاشتۇرۇپ قارىغاندا، دۆلىتىمىز ئىقتىسادىنىڭ ئۇزاق مەزگىللىك ياخشىلىنىشقا يۈزلىنىش ئاساسىي ۋەزىيىتى ئۆزگەرمىدى، يۇقۇمنىڭ زەربىسى قىسقا مەزگىللىك بولۇپ، ئومۇمىي جەھەتتىن تىزگىنلىگىلى بولىدۇ. شى جىنپىڭ ئىشنى، ئىشلەپچىقىرىشنى تەرتىپلىك ئەسلىگە كەلتۈرۈش توغرىسىدا سەككىز نۇقتىلىق تەلەپنى ئوتتۇرىغا قويدى. بىرىنچى، رايونغا ئايرىپ، دەرىجىگە ئايرىپ دەل جايىدا ئىشنى، ئىشلەپچىقىرىشنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش كېرەك. خەۋپ - خەتەر دەرىجىسى تۆۋەن رايونلار تېزدىن ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش تاكتىكىسىنى يۇقۇمنىڭ سىرتتىن كىرىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىشقا تەڭشەپ، ئىشلەپچىقىرىش، تۇرمۇش تەرتىپىنى ئومۇميۈزلۈك ئەسلىگە كەلتۈرۈشى، خەۋپ - خەتەر دەرىجىسى ئوتتۇراھال رايونلار ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش ۋەزىيىتىگە ئاساسەن، ئىشنى، ئىشلەپچىقىرىشنى تەرتىپلىك ئەسلىگە كەلتۈرۈشى، خەۋپ - خەتەر دەرىجىسى يۇقىرى رايونلار زېھنىي كۈچىنى داۋاملىق مەركەزلەشتۈرۈپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش خىزمىتىنى ياخشى تۇتۇشى كېرەك. ئىككىنچى، ماكرولۇق سىياسەتنى تەڭشەش سالمىقىنى زورايتىش كېرەك. ئاكتىپ مالىيە سىياسىتى تېخىمۇ ئاكتىپ رول ئويناپ، باسقۇچ خاراكتېرلىك، قاراتمىلىقى بولغان باجنى كېمەيتىش، ھەقنى تۆۋەنلىتىش سىياسىتىنى داۋاملىق تەتقىق قىلىپ تۈزۈپ، ئوتتۇراھال، كىچىك، ئۇششاق كارخانىلارنىڭ قىيىن ئۆتكەلدىن ئۆتۈۋېلىشىغا ياردەم بېرىش كېرەك. مۇقىم، ساغلام پۇل سىياسىتىنىڭ جانلىق، مۇۋاپىق بولۇشىغا تېخىمۇ ئەھمىيەت بېرىپ، ئەسلىي بار بولغان پۇل مۇئامىلە مەدەتى سىياستىدىن ياخشى پايدىلىنىپ، يېڭى سىياسەت - تەدبىرلەرنى مۇۋاپىق پەيتتە يولغا قويۇش كېرەك. ئۈچىنچى، مۇقىم ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش تەدبىرنى ئومۇميۈزلۈك كۈچەيتىش كېرەك. يۈكنى يەڭگىللىتىش، ئىش ئورنىنى مۇقىملاشتۇرۇش، ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇشنى كېڭەيتىشنى تەڭ قوللىنىپ، بىر قىسىم كارخانىلاردا ئىشچى ئىنتايىن كەمچىل بولۇش، ئىش ئورنىنى مۇقىملاشتۇرۇش بېسىمى زور بولۇش ۋە نۇقتىلىق كىشىلەر توپىنىڭ ئىشقا ئورۇنلىشىشى تەس بولۇش قاتارلىق گەۋدىلىك زىددىيەتلەرگە قارىتا، كۆپ يول ئارقىلىق جانلىق ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇشنى قوللاپ، ئالىي مەكتەپنى پۈتتۈرگەنلەرنى ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش كېرەك. تۆتىنچى، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش ۋەزىپىسىنى قەتئىي تاماملاش كېرەك. يۇقۇمنىڭ تەسىرىنى تىرىشىپ يېڭىپ، ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىش خىزمىتىنى قاتتىق تۇتۇپ، نامرات ئەمگەك كۈچلىرىنىڭ ئىش ئورنىغا تەرتىپلىك قايتىشىغا ياردەم بېرىپ، نامراتلارنى يۆلەشتىكى باشلامچى كارخانىلار، نامراتلارنى يۆلەش سېخلىرىنىڭ ئىشنى تېزدىن ئەسلىگە كەلتۈرۈشىنى قوللاپ، قايتا نامراتلىشىپ كېتىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش مېخانىزمىنى تېزدىن ئورنىتىش، تاكامۇللاشتۇرۇش كېرەك. بەشىنچى، كارخانىلارنىڭ ئىشنى، ئىشلەپچىقىرىشنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشىگە تۈرتكە بولۇش كېرەك. رايونلارغا ئايرىپ، دەرىجىگە ئايرىپ دەل جايىدا ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش تاكتىكىسىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ئادەم ئېقىمى، ئەشيا ئوبوروتىدىكى توسۇق نۇقتىلارنى راۋانلاشتۇرۇپ، مال ترانسپورتى، ئەشيا ئوبوروتى چەكلىمىسىنى قويۇۋېتىپ، كەسىپ زەنجىرىدىكى ھەرقايسى ھالقىلارنىڭ ماس قەدەمدە ئىشنى، ئىشلەپچىقىرىشنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشىگە تۈرتكە بولۇش كېرەك. دۆلەت ئىچىدىكى ئۈنۈملۈك ئېھتىياجنى پائال كېڭەيتىپ، قۇرۇلۇۋاتقان ۋە يېڭىدىن ئىش باشلانغان تۈرلەرنىڭ قۇرۇلۇش سۈرئىتىنى تېزلىتىپ، ئىشچى ئىشلىتىش، يەر ئىشلىتىش، مەبلەغ قاتارلىق مۇھىم ئامىللار كاپالىتىنى كۈچەيتىش كېرەك. ئالتىنچى، پۇرسەتنى قولدىن بەرمەي ئەتىيازلىق يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشىنى ياخشى تۇتۇش كېرەك. ئەتىيازلىق تېرىلغۇ تەييارلىقىغا تەسىر كۆرسىتىدىغان گەۋدىلىك مەسىلىلەرنى چىڭ تۇتۇپ ھەل قىلىپ، يېزا ئىگىلىكى ئەشيالىرىنى ئىشلەپچىقىرىش، توشۇش، تەمىنلەشنى ياخشى تەشكىللەپ، يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشىدىكى تېرىقچىلىق پەيتىنى كېچىكتۈرۈپ قويماسلىققا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك. يەتتىنچى، ئاساسىي خەلق تۇرمۇشىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك. ئاساسىي، قوشۇمچە يېمەكلىكلەر بىلەن تەمىنلەشكە كاپالەتلىك قىلىپ، قىيىنچىلىقى بار ئاممىنى تولۇق كاپالەتلەندۈرۈشنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، ئاغرىقلارغا، بولۇپمۇ تۇغقانلىرى تالاپەتكە ئۇچرىغان ئائىلىلەرنىڭ ھالىدىن نۇقتىلىق خەۋەر ئېلىش كېرەك. باشقا كېسەللەرگە گىرىپتار بولغان ئاغرىقلارنى تېببىي قۇتقۇزۇش - داۋالاش خىزمىتىنى بىرتۇتاش پىلانلاپ ياخشى ئىشلەش كېرەك. سەككىزىنچى، تاشقى سودا، تاشقى مەبلەغنىڭ ئاساسىي ھالىتىنى تۇراقلاشتۇرۇش كېرەك. ئېكسپورت بېجىنى قايتۇرۇش، ئېكسپورت ئىناۋەت سۇغۇرتىسى قاتارلىق بەلگىلىمىگە ئۇيغۇن تاشقى سودا سىياسىتى قوراللىرىدىن تولۇق، ياخشى پايدىلىنىپ، تاشقى سودا كەسىپ زەنجىرى، تەمىنات زەنجىرىنىڭ راۋان ئايلىنىشىغا كاپالەتلىك قىلىپ، مۇھىم، زور تاشقى مەبلەغ تۈرلىرىنىڭ ئەمەلىيلىشىشىنى ياخشى تۇتۇپ، پۇل مۇئامىلە قاتارلىق مۇلازىمەت كەسىپلىرىنى سىرتقا ئېچىۋېتىشنى كېڭەيتىپ، تىجارەت - سودا مۇھىتىنى داۋاملىق ئەلالاشتۇرۇپ، چەت ئەل سودىگەرلىرىنىڭ ئۇزاق مۇددەت مەبلەغ سېلىش، تىجارەت قىلىش ئىشەنچىنى كۈچەيتىش كېرەك.

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: بۇ مەيدان يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش خەلق ئۇرۇشى، ئومۇمىي جېڭى، توسۇپ زەربە بېرىش جېڭىنى ياخشى قىلىپ، غەلىبىنى قولغا كەلتۈرۈپ، جەزمەن پارتىيەنىڭ يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش ۋە ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتى خىزمىتىنى بىرتۇتاش پىلانلاپ ئالغا سىلجىتىشقا بولغان رەھبەرلىكىنى كۈچەيتىش كېرەك. ھەر دەرىجىلىك پارتىيە تەشكىلاتلىرى رەھبەرلىك مەسئۇلىيىتى، بولۇپمۇ ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى تۇتۇش ۋەزىپە - مەسئۇلىيىتىنى ئەستايىدىل ئادا قىلىپ، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ تۈرلۈك تەدبىر - ئورۇنلاشتۇرمىلىرىنى پۇختا تۇتۇشى، ئىنچىكە تۇتۇشى، جايىدا ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى تۇتۇشى كېرەك. ھەر دەرىجىلىك كادىرلار، بولۇپمۇ رەھبىرىي كادىرلار جەزمەن غەلىبە قىلىش ئىشەنچى، مەسئۇلىيەتچانلىقى، مېھرىبانلىقى، ئېھتىياتچانلىقىنى كۈچەيتىپ، باتۇرلۇق بىلەن ئاۋانگارت بولۇپ، زەربىدار بولۇشقا جۈرئەت قىلىپ، تەشەببۇسكارلىق بىلەن مەسئۇلىيەتنى زىممىسىگە ئېلىپ، پائال رول ئوينىشى كېرەك. كادىرلارنى كۈرەشنىڭ بىرىنچى سېپىدە تەكشۈرۈپ، پەرقلەندۈرۈپ، ئىپادىسى گەۋدىلىك بولغان كادىرلارنى زور كۈچ بىلەن مۇكاپاتلاش، دادىل ئىشلىتىش، مەسئۇلىيەتنى زىممىسىگە ئالمىغان، قىلىدىغاننى قىلمىغان، مەسئۇلىيىتىنى ئادا قىلمىغان، مەسئۇلىيەتسىزلىك قىلغانلارنىڭ جاۋابكارلىقىنى قاتتىق سۈرۈشتۈرۈپ، كۈرەشنىڭ بىرىنچى سېپىدە ئىپادىسى گەۋدىلىك بولغان ئىلغار كوللېكتىپ ۋە شەخسلەرنى ئەھۋالغا قاراپ قاتلامغا ئايرىپ، دەرىجىگە ئايرىپ تەقدىرلەش ۋە مۇكاپاتلاش كېرەك. كەڭ ئاساسىي قاتلام كادىرلىرى ۋە ئاساسىي قاتلامغا چوڭقۇر چۆككەن ھەر دەرىجىلىك كادىرلار، بولۇپمۇ خۇبېي، ۋۇخەن قاتارلىق يۇقۇم ئېغىر بولغان رايونلاردىكى كادىرلار، ئاممىغا كۆڭۈل بۆلۈپ، كۆيۈنۈپ، ئۇلارنىڭ ئەمەلىي قىيىنچىلىقى ۋە مەسىلىلىرىنى ھەل قىلىشىغا ۋاقتىدا ياردەم بېرىپ، شەكىلۋازلىق، بيۇروكراتلىق ئۇسۇلىنى قەتئىي تۈزىتىش كېرەك. يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش بايلىقى ۋە كۈچلىرىنىڭ ئاساسىي قاتلامغا چۆكۈشىگە تۈرتكە بولۇپ، جەمئىيەتتىكى كۈچلەرنى يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەشكە ئورتاق قاتنىشىشقا تولۇق قوزغاش كېرەك. بۇ قېتىملىق يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇشتا ئاشكارىلانغان روشەن كەمتۈكلۈكلەرگە قارىتا، تەجرىبىلەرنى يەكۈنلەپ، ساۋاقلاردىن ئىبرەت ئېلىپ، تاسادىپىي ئېغىر، زور ئاممىۋى سەھىيە ۋەقەلىرىگە تاقابىل تۇرۇش ئىقتىدارى ۋە سەۋىيەسىنى ئۆستۈرۈش كېرەك.

لى كېچياڭ يىغىنغا رىياسەتچىلىك قىلغاندا مۇنۇلارنى بىلدۈردى: باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم سۆزىدە يېڭى تىپتىكى تاجسىمان ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمىنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش خىزمىتى ئومۇميۈزلۈك خۇلاسىلىنىپ، ھازىرقى يۇقۇم ۋەزىيىتى ۋە ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتىغا بولغان تەسىرى چوڭقۇر تەھلىل قىلىنىپ، پارتىيە رەھبەرلىكىنى كۈچەيتىش، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش ۋە ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتى خىزمىتىدىكى نۇقتىلىق ۋەزىپە ۋە مۇھىم، زور تەدبىرلەرنى بىرتۇتاش پىلانلاپ ئالغا سىلجىتىش ئوتتۇرىغا قويۇلغان بولۇپ، ناھايىتى كۈچلۈك ئىدىيەۋىلىككە، يېتەكچىلىككە، قاراتمىلىققا ئىگە. ھەرقايسى رايونلار، ھەرقايسى تارماقلار ئەستايىدىل ئۆگىنىپ، ئۆزلەشتۈرۈپ، چوڭقۇر ئىزچىللاشتۇرۇپ ۋە ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ئەتراپىغا تېخىمۇ زىچ ئىتتىپاقلىشىپ، ئىشەنچنى چىڭىتىش، جاپا - مۇشەققەتتە بىللە بولۇش، ئىلمىي ئالدىنى ئېلىش - داۋالاش، دەل جايىدا تەدبىر يۈرگۈزۈش ئومۇمىي تەلىپىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ تۈرلۈك تەدبىر - ئورۇنلاشتۇرمىلىرىنى پۇختا تۇتۇپ، ئىنچىكە تۇتۇپ، قىيىنچىلىقلارنى يېڭىپ ئىلگىرىلەپ، جاسارەت بىلەن ئېلىشىپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش ۋە ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتىدىكى خىزمەتلەرنى بىرتۇتاش پىلانلاپ ياخشى ئىشلەپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش خەلق ئۇرۇشى، ئومۇمىي جېڭى، توسۇپ زەربە بېرىش جېڭىدە ئومۇميۈزلۈك غەلىبە قىلىپ، پۈتۈن يىللىق ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتىدىكى نىشان - ۋەزىپىلىرىنى تىرىشىپ ئىشقا ئاشۇرۇپ، ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىش ۋە «13 - بەش يىل»لىق يىرىك پىلاننى تاماملاشقا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىپ، پارتىيە ۋە خەلققە لاياقەتلىك جاۋاب قەغىزى تاپشۇرۇشى كېرەك.

جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بيۇروسىنىڭ ئەزالىرى، مەركىزىي كومىتېت شۇجىچۇسىنىڭ شۇجىلىرى، دۆلەت كومىسسارلىرى يىغىنغا قاتناشتى.

مەركەز يېڭى تىپتىكى تاجسىمان ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇش خىزمىتى رەھبەرلىك گۇرۇپپىسىنىڭ ئەزالىرى، مەركەزنىڭ خۇبېيغا بېرىپ يېتەكچىلىك قىلىش گۇرۇپپىسىدىكى ئالاقىدار يولداشلار، گوۋۇيۈەن يېڭى تىپتىكى تاجسىمان ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمىنىڭ بىرلىشىپ ئالدىنى ئېلىش، بىرلىشىپ تىزگىنلەش مېخانىزمىغا ئەزا ئورۇنلاردىكى ئاساسلىق مەسئۇل يولداشلار يىغىنغا قاتناشتى. يىغىن تېلېۋىزىيە - تېلېفون يىغىنى شەكلىدە ئېچىلدى، ھەرقايسى ئۆلكە، ئاپتونوم رايون، شەھەرلەر ۋە شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش بىڭتۈەنى، شۇنىڭدەك ھەرقايسى شەھەر(ۋىلايەت، ئوبلاست، ئايماق)، ناھىيە(شەھەر، رايون، خوشۇن)لار، مەركەز ۋە دۆلەت ئورگانلىرىنىڭ ھەرقايسى تارماقلىرى، ھەرقايسى خەلق تەشكىلاتلىرى، ئازادلىق ئارمىيە ۋە قوراللىق ساقچى قىسمىدىكى تۆۋەن دەرىجىلىكتىن يۇقىرى ئورۇنلاردا شۆبە يىغىن مەيدانى تەسىس قىلىندى.

---

(بېشى 1 - بەتتە)

ھەم كلىنىكىلىق ئاساسىي ماھارەتنى چېنىقتۇرغانلىقىڭلارنى، ھەم شىزاڭنىڭ داۋالاش - ساقلىقنى ساقلاش ئىشلىرىغا ئۆزۈڭلارنى بېغىشلاش ئەقىدەڭلەرنى چىڭىتقانلىقىڭلارنى ئاڭلاپ ناھايىتى خۇرسەن بولدۇم.

دوختۇر خەلق ساغلاملىقىنىڭ قوغدىغۇچىسى. بۇ قېتىمقى يېڭى تىپتىكى تاجسىمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمىنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش كۈرىشىدە، ئارمىيە، يەرلىكتىكى كەڭ تېببىي خىزمەتچىلەر سەپنىڭ ئالدىدا ئاتاكىغا ئۆتۈپ، باتۇرلارچە جاسارەت بىلەن جەڭ قىلىپ، ھەرىكىتى ئارقىلىق ئاق خالاتلىق پەرىشتىلەرنىڭ ئۆلۈمگە ئامال، ئاغرىققا سەۋەب قىلىشتەك ئالىيجاناب روھىنى شەرھلىدى. ئىشىنىمەنكى، سىلەر چوقۇم ئۇلارنى ئۈلگە قىلىپ، تىرىشىپ پارتىيە ۋە خەلق ئىشىنىدىغان ياخشى دوختۇر بولالايسىلەر. سىلەرنىڭ ئۆگىنىش ۋاقتىنى قەدىرلەپ، قاتتىق سىناقلارغا بەرداشلىق بېرەلەيدىغان ماھارەت يېتىلدۈرۈپ، ئوقۇش پۈتتۈرگەندىن كېيىن خەلق ئەڭ ئېھتىياجلىق جايغا بېرىپ، مېھرىبان قەلبىڭلار ۋە تېخنىكاڭلار ئارقىلىق خەلققە، بولۇپمۇ ئاساسىي قاتلامدىكى ئاممىغا بەخت يارىتىشىڭلارنى ئۈمىد قىلىمەن.

زاڭزۇ كالېندارى بويىچە يېڭى يىل كېلەي دەپ قالدى، مەن سىلەرگە ھەم زاڭزۇلار رايونىدىكى ھەر مىللەت ئاممىغا بايراملىق سالام يوللايمەن ۋە گۈزەل تىلەكلەرنى تىلەيمەن!

**شى جىنپىڭ**
2020 - يىل 2 - ئاينىڭ 21 - كۈنى

**(شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 2 - ئاينىڭ 23 - كۈنى تېلېگراممىسى)**

---

(بېشى 1 - بەتتە)

بېيجىڭ داشۆ شوۋگاڭ دوختۇرخانىسىدا پراكتىكا قىلىۋاتقان شىزاڭ داشۆ تېببىي شۆيۈەنىنىڭ ئوقۇغۇچىلىرىغا جاۋاب خەت يېزىپ، ئۇلارنىڭ شىزاڭنىڭ داۋالاش - ساقلىقنى ساقلاش ئىشلىرىغا ئۆزىنى بېغىشلاش ئەقىدىسىنى مۇئەييەنلەشتۈردى، ئۇلارنى قاتتىق سىناقلارغا بەرداشلىق بېرەلەيدىغان ماھارەت يېتىلدۈرۈپ، ئاساسىي قاتلامدىكى خەلققە مۇلازىمەت قىلىشقا ئىلھاملاندۇردى ھەم ئۇلارغا ھەم زاڭزۇلار رايونىدىكى ھەر مىللەت ئاممىغا بايراملىق سالام يوللىدى ۋە گۈزەل تىلەكلەرنى تىلىدى.

شى جىنپىڭ جاۋاب خېتىدە مۇنداق دېدى: سىلەر 17 ساۋاقداشنىڭ بېيجىڭدا كلىنىكا پراكتىكىسى قىلىۋاتقان مەزگىلدە، ھەم كلىنىكىلىق ئاساسىي ماھارەتنى چېنىقتۇرغانلىقىڭلارنى، ھەم شىزاڭنىڭ داۋالاش - ساقلىقنى ساقلاش ئىشلىرىغا ئۆزۈڭلارنى بېغىشلاش ئەقىدەڭلەرنى چىڭىتقانلىقىڭلارنى ئاڭلاپ ناھايىتى خۇرسەن بولدۇم.

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: دوختۇر خەلق ساغلاملىقىنىڭ قوغدىغۇچىسى. بۇ قېتىمقى يېڭى تىپتىكى تاجسىمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمىنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش كۈرىشىدە، ئارمىيە، يەرلىكتىكى كەڭ تېببىي خىزمەتچىلەر سەپنىڭ ئالدىدا ئاتاكىغا ئۆتۈپ، باتۇرلارچە جاسارەت بىلەن جەڭ قىلىپ، ھەرىكىتى ئارقىلىق ئاق خالاتلىق پەرىشتىلەرنىڭ ئۆلۈمگە ئامال، ئاغرىققا سەۋەب قىلىشتەك ئالىيجاناب روھىنى شەرھلىدى. ئىشىنىمەنكى، سىلەر چوقۇم ئۇلارنى ئۈلگە قىلىپ، تىرىشىپ پارتىيە ۋە خەلق ئىشىنىدىغان ياخشى دوختۇر بولالايسىلەر. سىلەرنىڭ ئۆگىنىش ۋاقتىنى قەدىرلەپ، قاتتىق سىناقلارغا بەرداشلىق بېرەلەيدىغان ماھارەت يېتىلدۈرۈپ، ئوقۇش پۈتتۈرگەندىن كېيىن خەلق ئەڭ ئېھتىياجلىق جايغا بېرىپ، مېھرىبان قەلبىڭلار ۋە تېخنىكاڭلار ئارقىلىق خەلققە، بولۇپمۇ ئاساسىي قاتلامدىكى ئاممىغا بەخت يارىتىشىڭلارنى ئۈمىد قىلىمەن.

(جاۋاب خەتنىڭ تولۇق تېكىستى ئايرىم بېرىلدى)

2019 - يىلى 6 - ئايدا، ساھەلەر بويىچە ياردەم بېرىدىغان ئالىي مەكتەپ بولغان بېيجىڭ داشۆ تېببىي بۆلۈمىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بىلەن، شىزاڭ داشۆ تېببىي شۆيۈەنىنىڭ 2015 - يىللىق كلىنىكىلىق مېدىتسىنا كەسپىنىڭ تولۇق كۇرس سىنىپىدىكى 17 ئوقۇغۇچى شوۋگاڭ دوختۇرخانىسىغا كېلىپ، 11 ئايلىق كلىنىكا پراكتىكىسىنى باشلىغان. يېقىندا، بۇ ئوقۇغۇچىلار باش شۇجى شى جىنپىڭغا خەت يېزىپ، پراكتىكا قىلغاندىن بۇيانقى ئېرىشكەن نەتىجىلىرى ۋە تەسىراتلىرىنى دوكلات قىلىپ، پارتىيە ۋە دۆلەتكە بولغان مىننەتدارلىق ھېسسىياتىنى، شۇنداقلا ماھارەتنى ياخشى ئۆگەنگەندىن كېيىن ۋەتەنگە جاۋاب قايتۇرۇش، يۇرتنى گۈللەندۈرۈش ئىرادىسىنى ئىپادىلىگەندى.

---

(بېشى 1 - بەتتە)

ئىككىنچى، رايونغا ئايرىپ، دەرىجىگە ئايرىپ دەل جايىدا ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش تەدبىرىنى قەتئىي تەۋرەنمەي ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش، توسۇپ زەربە بېرىش جېڭىدە قەتئىي غەلىبە قىلىش كېرەك. ھەقىقىي تۈردە بىخۇدلۇق ئىدىيەسى، ئۇرۇشتىن بىزار بولۇش كەيپىياتى، تەلەي سىناش پىسخىكىسى، بوششىش روھىي ھالىتىنى تۈگىتىپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش خىزمىتىنى قىلچە بوشاشماي ياخشى تۇتۇپ، ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش ۋەزىيىتىنىڭ ئۆزگىرىشىگە ئاساسەن ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش تەدبىرلىرىنى ۋاقتىدا مۇكەممەللەشتۈرۈپ، ئەلالاشتۇرۇپ، رايون بويىچە يېتەكچىلىك قىلىپ، كىشىلەر توپى بويىچە باشقۇرۇپ - تىزگىنلەپ، ساھەلەر بويىچە ئالغا سىلجىتىپ، ئىنچىكە ئەمەلىيلەشتۈرۈش، ھەرىكەت ھالىتىدە تەڭشەش كېرەك؛ ئاغرىقلارنى مەركەزلەشتۈرۈپ، مۇتەخەسسىسلەرنى مەركەزلەشتۈرۈپ، بايلىقنى مەركەزلەشتۈرۈپ، قۇتقۇزۇش - داۋالاشنى مەركەزلەشتۈرۈپ، داۋالاش كۈچلىرىنى ئىلمىي يۆتكەپ، تەقسىملەپ، جۇڭيى تېبابىتى بىلەن غەرب تېبابىتىنى بىرلەشتۈرۈشتە چىڭ تۇرۇپ، پۈتۈن كۈچ بىلەن ئاغرىقلارنى قۇتقۇزۇپ - داۋالاپ، داۋالاپ ساقايتىش نىسبىتىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈش كېرەك؛ داۋاملىق تۈردە تېببىي مۇداپىئەلىنىشنى، ئىشلەپچىقىرىش، تۇرمۇش ماددىي ئەشيالىرى كاپالىتىنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، «كۆك - تاق» «ئاشلىق» مەسئۇلىيەت تۈزۈمىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، توشۇش يوللىرىنى راۋانلاشتۇرۇپ، تۈرلۈك ماددىي ئەشيا بىلەن تەمىنلەشتىكى ئەڭ ئاخىرقى بىر كىلومېتىر مەسىلىسىنى ھەل قىلىش كېرەك؛ تېببىي خادىملارغا بولغان پىسخىك يېتەكچىلىك ۋە ئادىمىيەت جەھەتتىن غەمخورلۇق قىلىشنى كۈچەيتىپ، غەم - ئەندىشىنى تۈگىتىپ، روھىي بېسىمنى يېنىكلىتىپ، ئىلمىي مۇداپىئەلىنىش تەربىيەسىنى ياخشى ئىشلەپ، نۆۋەت بىلەن ئىشلەش، نۆۋەتلەشتۈرۈپ دەم ئالدۇرۇشنى مۇۋاپىق ئورۇنلاشتۇرۇپ، ئۇلارنىڭ ساغلام ھالەتتە يۇقۇم ئۈستىدىن غەلىبە قىلىش كۈرەشىگە ئاتلىنىشىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك.

ئۈچىنچى، قەتئىي تەۋرەنمەي يېڭى تەرەققىيات ئىدىيەسىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، پۈتۈن يىللىق ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتىدىكى نىشان - ۋەزىپىلەرنى تىرىشىپ ئىشقا ئاشۇرۇش كېرەك. يېڭى تەرەققىيات ئىدىيەسى ئارقىلىق ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتىغا بىرتۇتاش يېتەكچىلىك قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، يۇقۇمغا ئوبيېكتىپ باھا بېرىپ، بېسىمنى ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچكە ئايلاندۇرۇش، خەۋپنى پۇرسەتكە ئايلاندۇرۇشقا ماھىر بولۇپ، ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىش نىشان - ۋەزىپىلىرىنى چۆرىدەپ، «ئالتىنى مۇقىملاشتۇرۇش» تەدبىرىنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، يۈكنى يەڭگىللىتىش، ئىش ئورنىنى مۇقىملاشتۇرۇش، ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇشنى كېڭەيتىشنى تەڭ قوللىنىشتا چىڭ تۇرۇپ، كارخانىلارنىڭ ئىشنى، ئىشلەپچىقىرىشنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشىگە تەرتىپلىك تۈرتكە بولۇپ، ئەتىيازلىق يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشنى كۈچەپ ياخشى تۇتۇپ، ھەقىقىي تۈردە خەلق تۇرمۇشىنى كاپالەتلەندۈرۈپ ۋە ياخشىلاپ، ئىقتىساد، جەمئىيەتنىڭ ھەرىكەت ھالىتىدە ئايلىنىشىنى راۋانلاشتۇرۇپ، ئىقتىسادنىڭ يېڭى ئېشىش نۇقتىسىنى زور كۈچ بىلەن يېتىلدۈرۈپ، تىرىشىپ يۇقۇمنىڭ تەسىرىنى ئەڭ تۆۋەن چەككە چۈشۈرۈپ، ئىقتىسادنىڭ تەكشى، مۇقىم ئايلىنىشىنى ساقلاش كېرەك.

تۆتىنچى، قەتئىي تەۋرەنمەي دىققەتنى ئىجتىمائىي مۇقىملىق ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىك باش نىشانىغا مەركەزلەشتۈرۈپ، جەمئىيەت چوڭ ۋەزىيىتىنىڭ ئىناق بولۇشى، مۇقىم بولۇشىنى ساقلاش كېرەك. ئاگاھ سىگنالىنى ئۇزاققىچە ياڭرىتىش، ھوشيارلىقنى دائىم ساقلاشتا چىڭ تۇرۇپ، ھادىسىدىنمۇ، ماھىيەتتىنمۇ تۈزەپ، ئۇنىۋېرسال تەدبىر يۈرگۈزۈپ، جەمئىيەت قاتلىمىدىن باشقۇرۇش - تىزگىنلەشنى ئومۇميۈزلۈك كۈچەيتىپ، مۇقىملىقنى قوغداش تەدبىرلىرىنى قەتئىي كەسكىن ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، چوڭقۇر، ئىنچىكىلىك بىلەن ئاممىا خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەپ، تەشۋىق - تەربىيە ۋە ئاممىۋى پىكىر يېتەكچىلىكىنى كۈچەيتىپ، بىخەتەر ئىشلەپچىقىرىش ۋە ئاپەتتىن مۇداپىئەلىنىش، ئاپەت زىيىنىنى ئازايتىشنى ياخشى تۇتۇپ، قانۇن بويىچە داۋالاشنى، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىشنى، بازارنى، جەمئىيەت تەرتىپىنى قالايمىقانلاشتۇرىدىغان قانۇنغا خىلاپ جىنايى قىلمىشلارنى قاتتىق جازالاپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش ۋە ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتىنى بىرتۇتاش پىلانلاپ ئالغا سىلجىتىش ئۈچۈن ياخشى مۇھىت يارىتىش كېرەك.

بەشىنچى، قەتئىي تەۋرەنمەي «ئىككىدىن غەم قىلدۇرماسلىق، ئۈچتە كاپالەتلەندۈرۈش» نىشانىنى چۆرىدەپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىدە قەرەلىدە غەلىبە قىلىشقا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك. يۇقۇمنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشقا كۆرسىتىدىغان تەسىرىگە ئىلمىي تاقابىل تۇرۇپ، دىققەتنى جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ئۈچ ۋىلايەت، بىر ئوبلاستتىكى ئېغىر نامرات رايونلار ۋە ئالاھىدە نامرات كىشىلەر توپىغا مەركەزلەشتۈرۈپ، يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا «ئالتىدە دەل جايىدا بولۇش»نى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، «يەتتە بىر تۈركۈم» «ئۈچتە سالماقنى ئاشۇرۇش»نى پۇختا ئالغا سىلجىتىپ، كۆچەپ كەمتۈكلۈكلەرنى تولۇقلاپ، يوچۇقلارنى ئېتىپ، ئاجىز تۈرلەرنى كۈچەيتىپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشقا تەسىر كۆرسىتىدىغان گەۋدىلىك مەسىلىلەرنى تۈزىتىش، ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى داۋاملىق ياخشى تۇتۇپ، قايتا نامراتلىشىپ كېتىشنى ئۆلچەپ تەكشۈرۈش ۋە ھەرىكەت ھالىتىدە ياردەم بېرىش - يۆلەشنى كۈچەيتىپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىنىڭ ئاخىرقى قورغىنىغا پۈتۈن كۈچ بىلەن ھۇجۇم قىلىش كېرەك.

ئالتىنچى، قەتئىي تەۋرەنمەي پارتىيەنىڭ رەھبەرلىكىنى كۈچەيتىپ، مۇرەككەپ ۋەزىيەتنى تىزگىنلەش ئىقتىدارى، سەۋىيەسىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈش كېرەك. ھەر دەرىجىلىك پارتىيە كومىتېتلىرى ۋە ھۆكۈمەتلەر يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ بىرتۇتاش قوماندانلىقى، بىرتۇتاش ماسلاشتۇرۇشى، بىرتۇتاش ئورۇنلاشتۇرۇشىغا قەتئىي بويسۇنۇپ، رەھبەرلىك مەسئۇلىيىتىنى ئەستايىدىل ئادا قىلىپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش ۋە ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتىدىكى خىزمەتلەرنى بىرتۇتاش پىلانلاپ ئالغا سىلجىتىشقا بولغان رەھبەرلىكنى كۈچەيتىشى كېرەك. ھەر دەرىجىلىك كادىرلار، بولۇپمۇ رەھبىرىي كادىرلار جەزمەن غەلىبە قىلىش ئىشەنچى، مەسئۇلىيەتچانلىقى، مېھرىبانلىقى، ئېھتىياتچانلىقىنى كۈچەيتىپ، ئەسلىي مەقسەتنى ھەرىكەتتە ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، بۇرچ، مەسئۇلىيەتنى زىممىگە ئېلىپ، ھەر مىللەت ئاممىنىڭ سىرداشى ۋە يۆلەنچۈكى بولۇپ، باتۇرلۇق بىلەن ئاۋانگارت بولۇپ، سەپنىڭ ئالدىدا مېڭىشقا جۈرئەت قىلىپ، ئاممىنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ، ئاممىغا كۆيۈنۈپ، ئاممىغا تايىنىپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش ۋە ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتىدىن ئىبارەت قوش غەلىبىنى قولغا كەلتۈرۈشتىكى بۇ مەيدان قاتتىق جەڭدە قەتئىي غەلىبە قىلىشى كېرەك.

شۆھرەت زاكىر، شەۋكەت ئىمىن، نۇرلان ئەبىلمەجىن، سۈن جىنلۇڭ، لى پېڭشىن، شۇ خەيرۇڭ، ئەركىن تۇنىياز، ۋاڭ جۈنجېڭ، تيەن ۋېن، سارقىت ئاقان، ياڭ شىن، جاڭ چۈنلىن يىغىنغا قاتناشتى.

ئادرېس: ئۈرۈمچى شەھىرى ياڭزىجياڭ كوچىسى 1 - نومۇر. ئېلان باشقارمىسى: 5850783، تارقىتىش مەركىزى: 5859769، تېلېگراف نومۇرى: 5028. پوچتا نومۇرى: 830051. گېزىتنىڭ يىللىق باھاسى: 336 يۈەن، ئايلىق باھاسى: 28 يۈەن، پارچە باھاسى: بىر يۈەن (گېزىتنىڭ تىزىملاش نومۇرى: 102)